# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 6 - ئاي
3
چارشەنبە
维吾尔文 6 月3日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25081 - سان　بۈگۈن 4 بەت


## ئاپتونوم رايونىمىزدىن يەتتە مەھسۇلات بۇ يىل تۇنجى تۈركۈمدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داڭلىق، ئالاھىدە، ئەلا، يېڭى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لىيۇ يى، خېي خۇڭشۆيلارنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتىدىن ئىگىلە- شىچە، يېقىندا يېزا ئىگىلىكى - يېزا مىنىس- تىرلىقى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەت بىخەتەرلىكى مەركىزى 2020 - يىللىق بىرىنچى تۈركۈمدىكى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داڭلىق، ئالاھىدە، ئەلا، يېڭى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مۇندەرىجىسىنى ئېلان قىلغان، ئاپتونوم رايونىمىزدىن جەمئىي يەتتە خىل يېزا ئى- گىلىك مەھسۇلات كىرگەن، بۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا: ئۈرۈمچى يۇقى- رى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر رايونى (يېڭىشەھەر رايونى)نىڭ تىيانشان تاتلىق- ياڭيۇسى، ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونىنىڭ تاتلىق گۈلسامسىقى، ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونىنىڭ تۆگە سۈتى پاراشوكى، ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونىنىڭ كالا گۆشى، ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونىنىڭ قوي گۆشى، ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ كالا گۆشى ۋە قورغاسىنىڭ ئۈزۈمى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

### لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ قاتناشتى



6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ياۋ داۋېي فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەر- كىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇ- تەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغى- نىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ ئۇل تېشى. تۈۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەي- تىپ، سەھىيە - ساغلاملىق ساھەسىد- كى ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ھەر ۋاقىت ئالدىنى ئېلىش كېرەك. كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمى- سى بەرپا قىلىپ، ئالدىن سىگنال بېرىش، ئاۋاز قوشۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، مۇداپىئە تورىنى زىچ توقۇپ، ئايرىش تېمىنى مۇستەھ- كەملىگەن - پۇختىلىغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغ- داشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەر- كىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە- سى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كو- مىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىدا، جۇڭگو ئىنژېنېر- لىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، گۇاڭجوۋ تېببىي داشۆ نەپەس ئىچكى كېسەللەر بۆلۈ- مىنىڭ پروفېسسورى جوڭ نەنشەن، پايتەخت تېببىي داشۆ قارمىقىدىكى بېيجىڭ چاۋياڭ دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئا- ۋىن دوختۇرخانا باشلىقى، مۇدىر ۋىراچ تۇڭ چاۋخۇي، جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادې- مىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، تيەنجىن جۇڭيى تېبابە- تى دورىگەرلىكى داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدى- رى جاڭ بولى، جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادې- مىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، ھەربىي پەنلەر ئا- كادېمىيەسى ھەربىي ئىشلار تېببىي تەتقىقات يۈرتى زەھەرلىك ماددا، دورا تەتقىقات ئور- نىنىڭ تەتقىقاتچىسى لى سۇڭ، چىڭخۇا داشۆ سۇ شىمىن بىلىم يۇرتىنىڭ باشلىقى، ئاممىۋى باشقۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى شۆ لەن، جۇڭخۇا ئالدىنى ئېلىش تېببىي ئىلىم جەمئى- يىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، مۇدىر ۋىراچ ياڭ ۋېيجۇڭ، چىڭخۇا داشۆ قانۇن شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى، سەھىيە قانۇنى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ چېنگۇاڭ ئىلگىرى - كېيىن سۆز قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىز- گىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەش- تۈرۈش، دۆلەت ئاممىۋى سەھىيە سىستېمى- سىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلـ- دۇرۇش، پەن - تېخنىكا تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئاممىۋى سەھىيە قانۇن - نىزام سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەر- نى ئوتتۇرىغا قويدى. سۆز قىلىش جەريا- نىدا، شى جىنپىڭ سۆز قىلغان ھەربىر مۇ- تەخەسسىس، ئالىم بىلەن پىكىر ئالماشتۇ- رۇپ، بىر قىسىم مەسىلىلەر توغرىسىدا چوڭقۇر ئەھۋال ئىگىلەپ، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىن ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، ئىلمىي ياخشىلاش، مۇۋاپىق ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭ- لىغاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنتايىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتى- كى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇ- قۇمى ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، كەسكىن تەدبىر بەلگىلەپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇردى، پۈتۈن پارتى- يە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئات- لىنىپ، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئومۇميۈزلۈك، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل بولغان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللى- نىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىسترا- تېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھ- بەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمى- نىڭ روشەن سىياسىي ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان دۆ- لىتىمىزنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئۇنىۋېر- سال دۆلەت كۈچىنى ئەكس ئەتتۈردى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەم- لىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ جاپا - مۇ- شەققەتتە بىللە بولىدىغان، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچىنى ناما- يان قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇ- قۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرە- شىدە، كەڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملار يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، كەسپىي ئەۋزەللىك- نى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇم ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا يېتەكچىلىك قىلىش، پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلە- تىش، قانۇن - نىزاملارغا تۈزىتىش كىرگۈ- زۈش، خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىن- لەش كۈرىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

باش شۇجىغا دوكلات · 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغان ئالتە يىلدىن بۇيان ⑤

## كەلگۈسى پىلان تۈزۈش　ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرى قوللىنىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

«ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشتە پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە تايى- نىمىز، كەنتىمىزدە بىر ياخشى ياچېيكا بار، پارتىيە ئەزالىرى بىزنىڭ نام- راتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىپلا قالماي، يەنە كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆزگەرتتى» دېدى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مۇخبىرنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلغان كېرىيە ناھىيەسى قارقى يېزىسى بوستانئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەتيۈسۈپ قارى ھاياجانلانغان ھالدا.

2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون- دىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەپ، ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىشنى شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئەمىن تاپقۇزۇشنىڭ كەلگۈسى پىلانى ۋە ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرى قىلىپ، تىرىشىپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان مۇس- تەھكەم جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، پارتىيە بايرىقىنى ھەربىر ئاساسىي قاتلام بازىسىدا ئېگىز جەۋلان قىلدۇردى.

### ئاساسىي قاتلامنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇش　ئاساسنى پۇختىلاش

«كەنتىمىز پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ كۈچىيىپ، جانلىنىپ، كەنت ئاھالى- لىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەشتىكى ئاۋانگارت ئەترەتكە ئايلىنىشى ‹ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش› بويىچە كەنتتە تۈرۈشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇشۇ يىللاردىكى ‹يەتكۈزۈشى، ياردەم بېرىشى، يېتەكلىشى›دىن ئايرىلالمايدۇ.» 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئالغا بازىرى تۆۋەنكى مەكىت كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئېلى غوپۇر مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى- نىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويى- چە كەنتتە تۈرۈشلۇق خىزمەت ئەترىتى قوشۇنىنى تۇتۇش، مېخانىزم ئورنى- تىش، ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، كەنت پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇرۇپ كۈچىنى ئۇرغۇتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 90 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لىپى** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپتونوم رايون- نىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتو- نوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 90 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇلازىمەتنى سىرتقا ھۆددىگە بېرىش كەسپىنىڭ تېپىنى ئۆزگەر- تىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، تاشقى مەبلەغدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلە- گەن ھالدا پايدىلىنىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىل- دى: ھازىر، مۇلازىمەت سودىسى خەلقئارا سودىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىدىكى مۇھىم ساھەگە ئايلاندى، مۇلازى- مەتنى سىرتقا ھۆددىگە بېرىشنى راۋاجلاندۇرۇش كەسىپ دەرىجە- سىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 88 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 88 - قېتىملىق مۇ- دىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم را- يونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى يولغا قويۇشنى ئورۇن- لاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دا- ئىمىي كومىتېتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلار قانۇنسىز سودىسىنى ئومۇميۈزلۈك چەكلەش، ياۋايى ھايۋانلارنى خالى- غانچە يېيىشتەك ناچار ئادەتنى تۈ- گىتىش، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى قا- رارى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قارار» دېيىلىدۇ) ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھاي- ۋانلارنى قوغداش قانۇنى»نىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

شايار ناھىيەسىدە:

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى كۆلەملەشكەن مېلامىنا سىمولا تۈرىگە ئۇل سېلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى كۆلەملەشكەن مېلامىنا سىمولا ھەم ئۇنىڭ ياندىش تۈرىگە شايار نا- ھىيەسىدە ئىش باشلىنىپ ئۇل سېلىندى. تۈر يولغا قويۇلسا، شىنجاڭ ئىچىدە ساغلام، مۇھىت ئاسرايدىغان، مۇكەممەل مېلامىنا كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلىنىپ، ئاپتونوم را- يوننىڭ سانائەت كەسىپ تۈرلىرى بېيىتىلىدۇ.

جەمئىي 3 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بۇ تۈر ئاقسۇ ۋىلايىتى- نىڭ نۇقتىلىق تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ شۆفېڭ مەبلەغ سېلىش پاي كونترول چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرىدۇ. ئىگىلىنىشچە، مېلامىنا سىمولا تۈرى يۇقىرىدا تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى كەسپى بىلەن تۇتىشىدىكەن، تۆ- ۋەندە مېلامىنا تېرمىنال ئىستېمال مەھسۇلا- تى بىلەن باغلىنىدىغان مۇھىم ھالقا ئىكەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى):

## 18 نۇقتىلىق تۈردە مەركەزلىك ئىش باشلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **فۇ شياڭلۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققى- يات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) 2020 - يىللىق ئىككىنچى تۈركۈمدىكى نۇقتىلىق تۈرلەرگە مەركەزلىك ئۇل سېلىپ ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونى، بەيناۋ- خۇ يېڭى رايونى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆ- مۈريول تەۋەلىك رايوندىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تەۋەلىك رايوندىكى 18 تۈرگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ ئاساسىي يىغىن مەيدانى ۋە ئالتە تارماق يىغىن مەيدانىدا ئۇل سېلى- نىپ ئىش باشلاندى، جەمئىي 53 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ئۈرۈمچى يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتومو- بىل ئېنېرگىيە باتارېيەسى تۈرىگە بەيناۋخۇ يېڭى رايونىدا ئۇل سېلىندى. بۇ تۈرنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن

(ئاخىرى 3 - بەتتە)


新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团